شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 10 - ئاي
25
جۈمە
维吾尔文 10 月25日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65-0002/-W
新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24859 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات مۇنبىرىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى تۇنجى نۆۋەتلىك ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات مۇنبىرى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەممەبەھرە تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان ھۆججەتلەر مۇزاكىرە قىلىندى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

■ **جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ باش نىشانى ــ پارتىيەمىز قۇرۇلغانلىقىغا 100 يىل بولغاندا، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىشىشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش؛ 2035 - يىلغا بارغاندا، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش؛ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىغا 100 يىل بولغاندا، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش، ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلىش.**

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىشتا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلىنى تەتقىق قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنى 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىش قارار قىلىندى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىشتا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» تېزىسىغا پارتىيە ئىچى - سىرتىدا بەلگىلىك دائىرىدە پىكىر ئېلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى، بۇ قېتىمقى يىغىندا مۇھاكىمە قىلىنغان پىكىرگە ئاساسەن تۈزىتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن، ھۆججەت تېزىسىنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشنى قارار قىلدى.

يىغىندا مۇنداق قارالدى: بۇ قېتىم پىكىر ئېلىشتا پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، كەڭ دائىرىدە پىكىر ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تەرەپلەر ۋە پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قارار تېزىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، قارار تېزىسىنىڭ باش تېمىسى روشەن، مۇھىم نۇقتىسى گەۋدىلىك، تەدبىرلىرى كۈچلۈك بوپتۇ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مارالبېشىدا نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە كۆچۈرۈلگەن ئاھالىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى بار بولدى، پۇل تاپالايدىغان بولدى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **خەن چىنيەن، يۈ جياڭفۇ، ليۇ يى** خەۋەر قىلىدۇ: «قاراڭلار، بۇ بىزنىڭ يېڭى ئۆيىمىز، ئاشخانا، تازىلىق ئۆيى، پار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بار، چۈشۈمدىمۇ كۈلۈپ كېتىمەن!» 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مۇخبىرلارغا يېڭى تۇرمۇشى توغرىسىدا سۆزلىگەندە، مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ مارالبېشى بازىرى بەخت گۈللۈكى مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى مەرەم تۇرسۇن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى.

مەرەم ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە، ئىلگىرى بىر ئائىلىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسى كېسەك ئۆيدە قىستىلىپ ئولتۇراتتى. 2017 - يىلى 8 - ئايدا بىر ئائىلە كىشىلىرى مارالبېشى بازىرىدىن 110 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېڭى ئۆستەڭ يېزىسىنىڭ ئاقدۆڭ كەنتىدىن بەخت گۈللۈكى مەھەللىسىگە كۆچۈپ كېلىپ، 68.5 كۋادرات مېتىرلىق بىنا ئۆيدە ئولتۇردى.

نامرات ئاھالە مەرەم ئائىلىسىدىكى بەش جان ئادەمنىڭ تۇرالغۇ شارائىتىدىكى ئۆزگىرىش مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشنى يولغا قويغانلىقىنىڭ ئىنچام كۆرۈنۈشى.

نۆۋەتتە مەرەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى يېزا - بازارلىرىدىن ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىدىن 813 ئائىلە 3433 ئادەم چەت، يىراق يېزىدىن بەخت گۈللۈكى مەھەللىسىگە كۆچۈپ كەلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شىنجاڭ ياخشى جاي

پامىر ئېگىزلىكىنىڭ كۈز مەنزىرىسى گۈزەل

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى جىنساۋتەن سۇلۇق يەر باغچىسىنىڭ مەنزىرىسى(10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان). كەچ كۈز مەزگىلىدە، پامىر ئېگىزلىكىدىكى قارلىق تاغلار تۇتاش كەتكەن بولۇپ، كۆك ئاسمان، ئاق بۇلۇت ئاستىدا گۈزەل يۈكمە رەسىم نامايان بولدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى دىڭ لېي فوتوسى

ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش زىممىسىدە مەسئۇلىيەت بولۇش

—— شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم قىزىل ئارمىيە تۈەنى 1 - يىڭ 3 - ليەن توغرىسىدا (كېيىنكى قىسمى)

□ **مۇخبىرىمىز جاڭ تىڭ**

قىسىم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئادەم ئەڭ ئاچقۇچلۇق ئامىل، شۇنداقلا ئەڭ مۇرەككەپ ئۆزگىرىشچان مىقدار. كوللېكتىپتىكى ھەربىر ئادەمنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ياخشى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش، ياخشى تەربىيەلەش جەڭگىۋارلىقنى، مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى شەكىللەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم، شۇنداقلا ئىنتايىن قىيىن.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم قىزىل ئارمىيە تۈەنى 1 - يىڭ 3 - لىيەندە ئۇزاقتىن بۇيان شەكىللەنگەن مېخانىزم ئەنئەنىسى ۋە ھېسسىيات رىشتى رايون ھالقىپ، ۋاقىتنى كېسىپ ئۆتۈپ، كىشىلەر قەلبىگە سىڭىپ، بىر توپ كىشىلەرنى چېگرا رايون تۇپرىقىدا خۇددى مىختەك چىڭ تۇرغۇزۇپ، ئەڭ مۇستەھكەم مۇھاپىزەت سېپىگە ئايلاندۇردى.

■ **بۇ يەردە ئورتاق ئىلگىرىلەيدىغان قېرىنداشلىق مېھرى بار**

«كۆپچىلىك تۇرمۇشتا ئۆزئارا ياردەم بېرىدۇ، مەشىق داۋامىدا ئورتاق ئىلگىرىلەيدۇ. ئېغىرلىق كۆتۈرۈش مەشىقىدە بىرەمۇ ئادەمنىڭ ئارقىدا قېلىشىغا بولمايدۇ، يۈگۈرۈشكە توغرا كەلگەندە كۆپچىلىك بىرلىكتە يۈگۈرۈپ ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ بارىدۇ».

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

«باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈرۈشلۈك پائالىيەتكە قاتناشقاندا قىلغان سۆزلىرى» نەشر قىلىندى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى «باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈرۈشلۈك پائالىيەتتە قاتناشقاندا قىلغان سۆزلىرى» خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلدى.

بۇ كىتابقا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامى بېرىش مۇراسىمىدا قىلىنغان سۆز» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»دىن ئىبارەت جەمئىي ئۈچ پارچە مۇھىم سۆزنىڭ تولۇق تېكىستى كىرگۈزۈلگەن.

ئاقسۇ ۋىلايىتى، قاراماي شەھىرى

«ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتتى

—— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك خەۋەر

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي
بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

□ **مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن**

«ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قاراماي شەھىرى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھى يېتەرلىك بولماسلىق، ئۆز پايدا - زىيىنىنىڭلا غېمىنى يېيىش، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالماسلىق، نەتىجە ياراتماسلىق مەسىلىلىرىنى تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسىنى ئاشۇردى.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سائەت 17دە، قاراماي شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت زالىدا، شەھەر ئاھالىسى يۈ جېنشىن بىر تۇتام ماتېرىيالنى ئېلىپ ئۆي - مۈلۈك سودىسى ۋە كۆچمەس مۈلۈكنى ئۇنىۋېرسال تىزىملاش مۇلازىمەت كۆزنىكىگە كېلىپ، ئۆي - مۈلۈك ئىگىسىنىڭ نامىنى يۆتكەش رەسمىيىتىنى بېجىردى. خىزمەتچى خادىم يۈ جېنشىننىڭ ماتېرىيالىنى ئېلىپ، تېز سۈرئەتتە كومپيۇتېر سىستېمىسىغا كىرگۈزدى، ئاندىن ماتېرىيالنى يوللىدى، تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى… بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتا بارلىق رەسمىيەتلەر بېجىرىپ بولۇندى. ئارقىدىن خىزمەتچى خادىم يەنە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئىككى ياشانغان كىشىنىڭ ئىمزا قويۇش، بارماق بېسىش تەرتىپلىرىنى تاماملىدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي يىغىن ئاچتى

مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ كېچىلىك ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق قارالمىلار تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: كېچىلىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شەھەر ئىستېمالىغا تۈرتكە بولۇشتىكى يېڭى ئېشىش نۇقتىسى، شۇنداقلا ئىقتىسادنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم تۇتقا بولۇپ، شەھەر ئەسلىھەلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، مەدەنىيەت ئىجادىيىتىنى قوزغىتىش، جەمئىيەتتە ئىشقا ئورۇنلىشىشنى كۆپەيتىش، رايون تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم رولغا ئىگە. ئاپتونوم رايوننىڭ كېچىلىك ئىقتىساد تەرەققىياتىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، كەچلىك بازارنىڭ گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ سەرخىللاشقان، كۆپ مەنبەلەشكەن، قولايلاشقان ئىستېمالغا بولغان ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى
يېڭى تاراتقۇلىرى سىپى
新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP